Community Resilience
to Foreign Interference

# چەتئەلنىڭ ئارىلىشىشىنى قانداق دوكلات قىلىش

يېڭى زېلاندىيەدىكى مىللىي جەمئىيەتلەر چەتئەللەرنىڭ ئارىلىشىشىغا يول قويماسلىقى كېرەك .تۆۋەندىكى تاللاشلاردىن پايدىلىنىپ چەتئەلنىڭ ئارىلىشىشىنى دوكلات قىلالايسىز.

## جىددى ئەھۋالدا

ئەگەر ھازىر يۈز بېرىۋاتقان بولسا، 111 گە تېلېفون قىلىپ، ساقچىدىن ياردەم سوراڭ.

ئەگەرتېلېفوندا تۇرۇپ سۆزلىيەلمىسىڭىز، جىم تۇرۇڭ ھەمدە « 55 » نى بېسىڭ دېگەن سۆزنى ساقلاڭ.

ئەگەرئۆي تېلېفوندا بولسىڭىزھەمدە سۆزلىيەلمىسىڭىز، جىم تۇرۇڭ ۋە سىزگە ياردەم ئۈچۈن ھەر قانداق كۇنۇپكىنى بېسىڭ دېگىچە ئوپېرتورنىڭ گېپىنى ئاڭلاڭ.

## چەتئەلنىڭ ئارىلىشىشىنى دوكلات قىلىش

ھەممىمىز يېڭى زېلاندىيەنى NZSIS ياكى ساقچىغا مەلۇم قىلىش ئارقىلىق چەتئەلنىڭ ئارىلىشىشىدىن بىخەتەر ساقلىيالايمىز .مەيلى قايسى يولنى تاللىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ئۇچۇرلىرىڭىزنىڭ دەل جايىغا يېتىشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ .

## چەتئەلنىڭ ئارىلاشقانلىقىنى NZSIS غا دوكلات قىلىڭ.

تور بېكىتىدە بىخەتەربولغان تور NZSIS [جەدۋىلى] ئارقىلىق چەتئەلنىڭ ئارىلىشىشىنى دوكلات قىلالايسىز.

ئەگەر خالىمىسىڭىز ئىسمىڭىز، تېلېفون نومۇرىڭىز ياكى ئالاقىلىشىش ئۇچۇرلىرى قاتارلىق شەخسىي ئۇچۇرلىرىڭىزنى بېرىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. جەدۋەلنى ئۆز تىلىڭىزدا تولدۇرسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ئەگەرNZSIS دىكى بىرەيلەن بىلەن سۆزلەشمەكچى بولسىڭىز، +64 4 472 6170 ياكى 0800 747 224 غا تېلېفون قىلسىڭىز بولىدۇ.

سىزنىڭ دوكلاتىڭىزنى كۆرگەندە، NZSIS ئۇلارنى تەكشۈرىدۇ. ئەگەر ئالاقىلىشىش تەپسىلاتلىرىڭىزنى قالدۇرسىڭىز باشقا ئۇچۇرلارغا ئېھتىياجلىق بولغاندىلا NZSIS سىز بىلەن ئالاقىلىشىدۇ . ، ئەگەرNZSIS سىز بىلەن ئالاقىلاشمىسا بۇ سىزنىڭ دوكلاتىڭىزغا سەل قارىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

## چەتئەلنىڭ ئارىلىشىشىنى ساقچىغا دوكلات قىلىش

ئەگەر جىددىي ئەھۋال بولمىسا، ساقچى بىلەن ئالاقىلاشسىڭىز بولىدۇ

- 105 تور [جەدۋىلىنى](#) ئىشلىتىش
- ھەر قانداق ئۆي ياكى قول تېلېفون لىنىيسىدىن [105](#) گە تېلېفون قىلسىڭىز، بۇ مۇلازىمەت ھەقسىز ۋە پۈتۈن مەملىكەتتە 24/7 ئىشلەتكىلى بولىدۇ

105جەدۋەل ساقچىلارنىڭ دوكلاتىڭىزنى بىر تەرەپ قىلىشى ۋە سىزبىلەن ئالاقىلىشىشى ئۈچۈن بەزى شەخسىي ئۇچۇرلىرىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ساقچىلار بۇ ئۇچۇرلارنى پەقەت رۇخسەت قىلىنغان مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.